
ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى



# ھېسام چاقچاقلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى

## ھىسام چاقچاقلىرى





«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

**图书在版编目(CIP)数据**

艾沙木笑话.1：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社. 2007.1
(维吾尔民间笑话)
ISBN 978-7-228-10846-6

Ⅰ.艾... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 笑话 - 作品集- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006060号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**艾沙木笑话 － 1**（维吾尔文）
**(维吾尔民间笑话)**
《维吾尔民间文学大典》编委会编

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.75印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

---

ISBN 978-7-228-10846-6　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى
## ھېسام چاقچاقلىرى — 1

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.75
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10846-6
باھاسى: 4.50 يۈەن




# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 55 كىتابچە نەشىردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئالتۇن كوكۇللىق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كېپىك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چۆچۈرە بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھزادە بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتانىنىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | تەلۋە كۇيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئادەممي شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇسكەك پادىشاھ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | قاينا، چۆگۈن | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئەقىللىق كەنجى قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ھەركىم قىلسا ئۆزىگە | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | يالتايغاق بوۋاي | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۈجمە سايىسى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئەپچىلەم | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئارغىماق ماجىراسى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | يەتتە لىڭگىلىتاق بىلەن بىر شىڭگىلىتاق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شىتىلە بىلەن پىتىلە | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مازاقخور مازاقتا ئۆلەر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | پادىشاھنىڭ كۆننى ئۆزارتىشى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىشەكنى ئۆرۈپ خوتۇننى قورقۇتۇش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | قازان تۇۋى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھ بىلەن شاتۇتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 1، 2، 3، 4، 5 | | (ھەر بىرى 4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى (ھېسام چاقچاقلىرى) — 1، 2 | | (ھەر بىرى 4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى — 1، 2 | | (ھەر بىرى 4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى — 1، 2، 3 | | (ھەر بىرى 4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى — 1، 2 | | (ھەر بىرى 3.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى | | (3.50 يۈەن) |

(بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن)

# مۇندەرىجە


مۇھەررىردىن ........................ 1
ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ........................ 3
ئەپچىللىك ........................ 3
مۇشۇ بوغۇشۇڭدا ........................ 4
چىنىقىش ........................ 4
ئەپسانىگە جاۋاب ........................ 5
يارنىڭ لېۋى ........................ 6
ئېشەك ۋە تەخەي ........................ 7
مەلۇمات ........................ 7
جەننەت ۋە دوزاخ ........................ 8
سۇ بىلەن كېتەي ........................ 8
جىنلارمۇ قورقىدۇ ........................ 9
ھۇنەرنى قوشۇپ ساتىسىز ........................ 10
گۇۋاھچى ........................ 10
مەندەك ماڭالىساڭ ئىچ ........................ 11
يەنە بىر ئېشەك ........................ 12
ئارتۇقچىلىق ........................ 13
ئىككى ئادەت ........................ 13
ئۇقماپتىمەن ........................ 14
لەپەرچە مېڭىش ........................ 15
لويلىنىڭ پۇلى ........................ 15
تەقسىمات ........................ 16
ئۆيدىكىسىمۇ يېتەر ........................ 17
قىرىق سۇيۈمگە ........................ 17
تاماشا ........................ 18
قاغلار ۋە شەيتانلار ........................ 18
زاسۇيخانىمكىن دەپتىمەن ........................ 19
سەجدىگە كېتىپ قوپالمايۋاتىدۇ ........................ 20

يەتمىش ئۈچىنچى ھۈنەر .......... 20
قايسى سۆزىڭىزگە ئىشىنەي .......... 21
ئىلگىرى - كېيىن تويۇش .......... 22
چاتاق يوق .......... 22
نەق پۇل ۋە نەق تىل .......... 23
يېرىم ۋە پۈتۈن دۆلەت .......... 24
ئاداۋەتنى يېيىش .......... 24
پايدا قىلىدىغان دورا .......... 25
يەنە بىردەم تۇرغان بولسىڭىز... .......... 25
چاقنى تۆلىتىش .......... 26
ئىسمىم دېموكراتىيە .......... 27
ئاۋارىگەرچىلىك .......... 27
ئاغىنىدارچىلىق .......... 28
باراڭلىققۇ تۈگىدى... .......... 28
ئەڭ تەس ئىش .......... 29
قانچىسى ئوغۇل، قانچىسى قىز .......... 30
جازام يېتىشكۈچە .......... 30
ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم .......... 31
راستمۇ .......... 32
گۇناھ بولىدۇ .......... 33
ھېلىمۇ ياۋروپاچە تەربىيىلەپسىز .......... 34
ھېلىمۇ ئويغىتىپ قويۇپتۇ .......... 34
ئىگىسىنى دورىغان - دە .......... 35
ئەڭ تەس ئورما .......... 35
پۇل خەجلەش .......... 36
بېلىق يۆتكەش .......... 36
كۆز ۋە قۇلاق .......... 37
گۆشنى ئۇرۇش .......... 37
دۇنيادا نېمە ئۇچلۇق .......... 38
ئىتتەك ۋە بۇلبۇلدەك .......... 39
شەھەر سوراش .......... 39
ئۆلمەيدىغان بولدۇڭ .......... 40
كەمتۈك چىش .......... 40
دانا جاۋاب .......... 41
يۈزسىز .......... 42
كۆڭۈل بۆلۈش .......... 42
چۈشىن .......... 43
مۇشائىرە .......... 44

بىخەتەرلىك ........................ 44
رەسسام ........................ 45
سوئال - جاۋاب ........................ 46
كۆۋرۈك يوق، كېتىپ قالدى ........................ 46
مۇشت قورۇپ يېدۇق ........................ 47
باھانە ........................ 47
ئەخمەق ........................ 48
تالوننى ئالماشتۇرۇپ كېلىڭ ........................ 49
مەرگەن ........................ 50
جەڭ ........................ 51
چاقچاقنىڭ كېيىمى ........................ 51
ئىشنى باشلاپ بېرەلمىگەندىن كېيىن ........................ 51
ئەڭ ئۇزۇن كېچە ........................ 52
«ئىشتىن سىرتقى ساقال» ........................ 52
جۆندەلگەن گەپ ........................ 53
ئاپتوبۇس بىلەن كېتەي ........................ 54
گۆردىن - گۆرگە كۆچۈپ ........................ 54
نېمە تېتىيدۇ ........................ 55
قوشۇپلا دەپ بېرەي ........................ 55
ياۋايى ھايۋان ........................ 56
تويلۇق سوۋغا ........................ 56
ئېغىرلىشىپ كەتمەمدۇ ........................ 57
ئىتىڭىزنى ئىزدەيمەن ........................ 57
تاماكا ۋە ئۆپكە ........................ 58
شۈكۈر قىلىڭ ........................ 58
بالام نېمىشقا ماڭمايدۇ ........................ 59
كالاچ ئىزدەش ........................ 59
لەڭمەنگە زاكاز ........................ 60
مىجەزگە بېقىپ ........................ 60
ئازراق چىداپلا... ........................ 61
رەخت ۋە پۇل ........................ 61
قالغىننى باشقىلاردىن سوراڭ ........................ 62
بۇداقسىنىڭ ئىسمىنى ........................ 62
ئالامەت جاۋابلار ........................ 63
خىجىل بولغاچقا... ........................ 64
چاقچىقىغا يارىشا چاقچاق ........................ 65
مۇشتقا ئىشتىها ساقلاۋاتىمەن ........................ 65
ساراڭلاردىن باشقىلار ........................ 65

خىجىللىق ...... 66
ھەممىسى ھېسام بولۇپ كەتسە ...... 66
سوۋغات ۋە ئاۋاز ...... 67
ئەينەن چىقىسىز ...... 67
يامان تەسىرىڭ قېپقالدى ...... 68
ئۆز قولى بىلەن ...... 69
قانىتى بوغۇقلىقمىكەن ...... 69
تېجەمەلگە جاۋاب ...... 70
كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت ...... 70
چايدان سېتىۋېلىش ...... 70
ئايدىڭ ...... 71
ئىككى ئەرۋاھنى كېپىل قىلىپ ...... 71
جەرىمانە ...... 72
ئىگىسى نەدە ...... 72
ھېكايە ۋە خەۋەر ...... 73
شۈگىلاشقا ...... 73
باشقىسىنى دەڭا ...... 74
قېرىش ...... 74
ئەكېلىپ بېرىش ...... 75
«بەشتە ياخشى»نىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ ...... 75
قەرز ...... 76
توسۇلۇپ قالمايدۇ ...... 77
كۈچۈك باغلىۋېلىڭ ...... 77
يالقۇنلۇق پاراڭ ...... 77
نەپسى بالا تونۇر ...... 78
قاسقان ئورنىتىۋېلىڭلار ...... 78
مەشەدىمىكىن دەپتىمەن ...... 79



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# مۇھەررىردىن

ھېسام قۇربان 1930 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئۇشاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1940 ـ يىلىدىن 1944 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، 1951 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك ۋە غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدە ماھارەتلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، 1961 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغا قەدەر غۇلجا ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، 1966 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغا قەدەر غۇلجا شەھىرىدە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلىگەن، 1980 ـ يىلىدىن تارتىپ غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن، 1991 ـ يىل 1 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

ھېسام قۇربان مەملىكەتلىك، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ

此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ھەيئەتى، مەملىكەتلىك ھېكايىچىلەر ئىلمىي جەمئىيە-
تىنىڭ ئەزاسى، غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت
كېڭىشىنىڭ ئەزاسى.

ھېسام قۇربانىنىڭ دادىسى ئۆز ۋاقتىدا تونۇلغان چاق-
چاقچى بولۇپ، ھېسام دادىسىنىڭ تەسىرىدە 11 — 12 ياش
چاغلىرىدا چاقچاقچىلار قاتارىغا كىرگەن. ئۇ چاقچاقتىكى
ھازىر جاۋابلىقى، چاقچاق ۋە لەتىپىلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى،
ئىخچاملىقى ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدىكى رې-
ئال مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن «ھايات نە-
سىردىن ئەپەندى» دەپ نام ئېلىپ، ھەممە ئادەم بىلىدىغان
مەشھۇر چاقچاقچىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ چاقچاق ۋە لەتىپىلى-
رى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىغىمۇ كەڭ تارقالغان.



# ھېسام چاقچاقلىرى

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

دائىم ھېسامنى گەپتىن چۈشۈرمەكچى بولۇپلا يۈرىدى- غان بىر كىشى چوڭ بىر سورۇندا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— ھېسام، سېنى ساقچى تۇتۇپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭ- لىغۇدۇق، قاچان قويۇپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېسام بەخۇدۇك جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— سېنى قويۇپ بەرگەن كۈنىڭ ئەتىسىلا.

## ئەپچىللىك

ھېسام سەنئەتچى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ سەھنىدە بوۋاي رولىنى ئويناۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا ياسىما ساقىلى ئۈزۈلۈپ قولىغا چىقىپتۇ. ئوسال ئەھۋالدا قالغان ھېسام دەرھال ئىشنى گەپ بىلەن ئوڭشاپ:

— توۋا، خالايىق كۆردۈڭلارمۇ، قېرىغاندا ساقالغىمۇ

كۆيە چۈشىدىكەن ـ ھە ! ـــ دەپتۇ ـ دە، ساقالنى يانچۇ-
قىغا سېلىپ رولىنى داۋام ئەتتۇرۇۋېرىپتۇ.

## مۇشۇ بوغۇشۇڭدا

بىر مەشرەپتە ھېسامنىڭ چاقچىقىغا چىدىمىغان بىر
يىگىت ئۇنىڭ كانىيدىن
بوغۇپتۇ. ئەھۋالنىڭ چا-
تاقلىقىنى بايقىغان ھې-
سام دەررۇ سوراپتۇ:
ـــ بۇرادەر، مۇ-
شۇنداق بوغۇشۇڭدا مەن
نەچچە سۇپۇرگە چىققۇ-
دەكمەن؟



## چېنىقىش

ھېسامنى گەپتە چۈشۈرەلمىگەن بىر تۇركۇم ياشلار
ئۇنى جېلىلىيۇزىگە ئاچىقىپ بىر «چۈشۈرۈش»نى مەسلىھەت-
لىشىپتۇ.

يېرىم يولغا بارغاندا يىگىتلەر ھارۋىنى توختىتىپ ئە-
دەپكە چۈشۈپتۇ. ھېسام ئەمدىلا ھارۋىدىن چۈشۈشىگە، باش-
قىلار سەكرەپ ھارۋىغا چىقىشىپ، ئاتنى چاپتۇرۇپ ھارۋى-
نى ئەپقېچىپتۇ، ھارۋىنىڭ سورۇنىنى بىر تېزلىتىپ،

بىر ئاستىلىتىپ، مەنزىلگە يەتكۈچە ھېسامنى پىيادە قو-يۇپتۇ. كېيىن ھېسامغا چاقچاق قىلىپ: «ھېسامكا، بۈگۈن ئۈزۈڭنىغا يۈگۈرۈشتە بىر چېنىقتۇرۇۋالدىڭىز - دە» دەپ كۈلۈشۈپتۇ.

شۇ كېچىسى ئۆرۈك سەيلىسى ۋە مەشرەپتىن چارچى-غان يىگىتلەر ئۆرۈكلۈك باغدىلا ئۇخلاپتۇ. پەيتىنى كۈتكەن ھېسام ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قوشنا ھوي-لىدىكى لاپاسنىڭ گىرۋىكىدىن ساڭگىلىتىپ ئېسىپ قويۇپ، شوتىنى تىقىپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى ۋاقچە ئويغانغان يىگىتلەر ئۆز كىيىملىرىنى لاپاسنىڭ قىرغىقىدا كۆرۈپتۇ. ئۇلار بۇ ھېسامنىڭ ئۆچ ئېلىشى ئىكەنلىكىنى پەملىگەن بولسىمۇ، ئارتۇقچە گەپ قىلماي، نۆۋەت بىلەن سەكرىشىپ كىيىمنى ئالماق بوپتۇ. بىراق، ھېچقايسىسى كىيىمنى ئالالمىغاندىن كېيىن، ھېسامغا دوق قىلىشىپتۇ:

— ھېسامكا، شۇمۇ قىلىق بولدىمۇ؟

ھېسام خاتىرجەم جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، مەن ئۈزۈڭنىغا يۈگۈرۈپ چېنىققان بولسام، سىلەر ئېگىزگە سەكرەپ چېنىقتۇرۇۋالدىغان بول-دۇڭلار.

## ئەپسانىگە جاۋاب

دائىم ئەپسانە چاقچاق قىلىدىغان بىرى ھېسام قاتناش-

قان ئولتۇرۇشتىمۇ ئەپسانە چاقچاقلار بىلەن كىشىلەرنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ.

شۇ ئارىدا ھېسامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سازچى دۇتارنى سازلاشقا باشلاپتىكەن، دۇتارنىڭ قۇلىقى توختىماي ئاۋارە قىپتۇ. پەيتتىن پايدىلانغان ھېلىقى چاقچاقچى ھېسامغا گەپ تاشلاپتۇ:

— ھېسامدىن، دۇتارنىڭ قۇلىقىغا بىر تۇكۇرۇپ بېرىڭا، قۇلاق توختىسۇن.

— جان دەپ تۇكۇرۇپ بېرەتتىم، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ، — بىراق، باياتىن بېرى ئەپسانە چاقچاقلارغا تۇكۇرۇۋېرىپ، زادىلا تۇكۇرۇكۇم قالمىدى.

## يارنىڭ لېۋى

ھېسام تۇرۇۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ھەر يىلى دېگۈدەك كوللېكتىپنىڭ مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىپ، چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىدىكەن، يىل ئاخىرىدىكى تەكشۈرۈشتە «مەن كەم ئەقىللىق قىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، كۆپچىلىك ياردەم قىلىپ يارنىڭ لېۋىدىن قايتۇرۇپ ئەكەلدىڭلار، رەھمەت سىلەرگە» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئېغىز ياغلىمىلىق قىلىپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالىدىكەن - دە، يەنە قىلغۇلۇقنى قىلىدىكەن.

بىر قېتىملىق تەنقىد يىغىنىدا ئەترەت باشلىقى يەنە كونا ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ:

— ئەمدى كۆپچىلىك، مەن سىلەرنىڭ پىكىرىڭلارنى ئالماي يارنىڭ لېۋىگە... — دېيىشىگە،
— توختاپ تۇرۇڭا، ئەترەت باشلىقى، — دەپتۇ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ھېسام، — بىزنىڭ ۋاقتىمىز ھەر يىلى سىزنى يارنىڭ لېۋىدىن قايتۇرۇپ كېلىش بىلەن ئۆتۈۋەر-مىسۇن، ياخشىسى، ئەترەت باشلىقلىقنى باشقا بىرىگە بېرىۋېتىپ، ئۆزىڭىز يارنىڭ لېۋىگە ئۆي سېلىۋېلىڭ.

## ئېشەك ۋە تەخەي

باشقىلارنى كەمسىتىشنىلا ياخشى كۆرىدىغان بىر مەز-مەنچى كىشى ھېسام بىلەن كوچىدا بىللە كېتىۋېتىپ ئۇنى زاڭلىق قىلماقچى بوپتۇ:
— ھېسامدىن، تەخەيدەك ماڭماي تېز ماڭساڭلار بول-مامدۇ؟
ھېسام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:
— سىزگە ئەگىشىپ ماڭغاندىن كېيىن تەخەيدەك ماڭماي نېمە ئىلاجىم بار؟

## مەلۇمات

بىر مەشرەپتە ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىغا قايىل بولغان بىراۋ ئۇنىڭ مەلۇماتىنى سوراپتۇ:
— بۇرادەر، ئوقۇغانمۇسىز؟

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com